# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

## —— 2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى **نۇرلان ئەبلمەجىن**



1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، نۇرلان ئەبلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدا سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەرمەكتە.

□ **ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى**

**ئەزالار:**

مەن سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

## 1. چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئورۇنداش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلدۇق

2020 ـ يىلى، ئىنتايىن ئالاھىدە، ئاجايىپ بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە، ئابىدە خاراكتېرلىك 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، دۆلىتىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق ۋە كەلگۈسى 15 يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى لايىھەلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ ۋە يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىللىشىمىز، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشىمىزنى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ۋە تۈپ مىزانغا ئىگە قىلدى. بۇ بىر يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، كەسكىن ـ مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىق، خىرىس ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي ئەمەلدە كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇش چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پەۋقۇلئاددە يىلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خاتىرجەم بولغۇدەك، خەلق ئاممىسى مەمنۇن بولغۇدەك جاۋاب قايتۇرۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بۇ بىر يىلدا، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 2 ـ قېتىملىق، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەڭ كۈچ چىقىرىش ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، كېڭىشىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئورتاق تونۇش ئاساسىنى چىڭىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچ ۋە ۋەزىپىنى بېكىتىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا يۈزلىنىپ، ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى گەۋدىلىك تۇتتى.

بىرىنچىدىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندۇق، ئىزچىللاشتۇردۇق. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلدى. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يىغىننىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەشكە، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا يېتەكلەپ، مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. «شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى . شەبنەم مۇنبىرى» ئۆگىنىش سۈپىتى مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم، زور مەخسۇس خىزمەتلىرى ھەققىدە ئەزالار لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تور، گېزىت، ژۇرنال، كۇتۇپخانا، خەتتاتلىق ـ رەسساملىق يۇرتىدىن ئىبارەت 5 چوڭ بازىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە داۋاملىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ خەۋەر تېپىشىغا تۈرتكە بولدۇق.

ئىككىنچىدىن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش يولىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە پائال ئاتلاندۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئەڭ تەخىرسىز سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزدۇق، رەئىسلەر مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەترەت باشلاپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە بىڭتۇەننىڭ شى، تۇەنلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇدا كۆرەش قىلىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. مەۋقەنى فۇنكسىيەنى بېكىتىشكە قويۇپ، پەۋقۇلئاددە چاغدىكى پەۋقۇلئاددە مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش جېڭى قىلىش تەشەببۇسىنى ۋاقتىدا چىقاردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 17 مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە سىياسىي كېڭەش ئورگان كادىرى قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، بىر نىيەتتە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلدى، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ 308 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى، ھەرىكەتتە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى نامايان قىلىپ، «ئاددىيلىق» ئارقىلىق ساداقەتلىكنى يېتىشتۈردى. ئىتتىپاقلىق كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پەۋقۇلئاددە چاغدىكى ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇردى، شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش خاتىرە سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش» ھۆسنخەت ـ رەسىم تور كۆرگەزمىسىنى ئۇدا ئۆتكۈزۈپ، سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى، مۇدابىئە كۆرۈش، تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى، ئىشەنچنى ئۇرغۇتۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش ئورتاق تونۇشىنى كەڭ مۇجەسسەملىدى. ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، پەۋقۇلئاددە چاغدىكى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش ئەمەلىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى كۆچمە فۇنكسىيە ئادا قىلىش سۈپىتى، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىنكاس قىلىش ئۆچۈرى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىشنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشكە يېتەكلىدى، 1600دىن ئارتۇق ئەھۋالدىن ئىنكاس، تەكلىپ ـ پىكىرنى يوللاپ، يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش جېڭى قىلىش بويىچە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملىدى. «خەلق سىياسىي كېڭىشى گېزىتى» باش بەتتە ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە نەتىجىسىنى خەۋەر قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، كۈچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈردۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ۋۇسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ھۆددە ئېلىپ ـ ئالاقىلىشىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈردۇق، رەئىسلەر مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى جەڭگە خىل قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ، خەلقنى تۇغقان بىلىپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»، «يەتتە بىر تۈركۈم» ۋە «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش» ۋە «ئالدىنقى سەپتىمۇ، ئارقا سەپتىمۇ جەڭ قىلىش» خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلدۇق، «مەسىلىنى ھەل قىلىش» ۋە «تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مېھىر ـ مۇھەببەت باغلاپ، كۈچەپ يۆلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملىدۇق. ئاساسىي تېمىنى ئۆزگەرتمەسلىك، سالماقنى كېمەيتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، جىغان قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇردۇق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كېڭىشىش خاراكتېرىدىكى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىش توغرىسىدا قارار»نى چىقاردۇق. ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى ئالاقىلاشقان ئون ئىككىر نامرات ناھىيە، 446 نامرات كەنت، 8900 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا، نامراتلىقتىن چېكىنىشكە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇق؛ سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرلىك سەپلىك تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، ساغلاملىق قاتارلىقلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، «كارخانىلار كەنتلەرگە ياردەم بېرىش»، «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈردۇق، 1667 كارخانىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2042 كەنتكە قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىشكە يېتەكلىدۇق، كارخانىلار كەسىپلەر بويىچە 3 مىليارد 970 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى بېرىپ، 113 مىڭ نامرات ئائىلىدىكى 395 مىڭ ئاممىنى مەنپەئەتلەندۈردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، دائىمىي كومىتېت مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇملۇق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، تۈرلۈك كېڭىشىش ـ مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىشىش پىلانى بويىچە قانات يايدۇرۇلۇشى، تۈرلۈك فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما بويىچە ئۈنۈملۈك سىلجىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

**(1) يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى پۇختىلىدۇق.**

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتىكى ئومۇمىي پروگرامما قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 12 قېتىم پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىشى ئۇيۇشتۇرۇپ، 20 قېتىم پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، 11 قېتىم رەئىسلەر مەجلىسى، تۆت قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ ۋە 44 قېتىم مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئىدىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملىدۇق.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە تەڭ كۈچ چىقىرىش جەھەتتە سەھنە ھازىرلاش، مېخانىزم بەرپا قىلىشقا كۈچىدۇق. پارتىيەلىك ئەزالار پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئەزالار شۇ ساھەدىكى ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش، ئەزالارنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش قاتارلىق تۈزۈملەرنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، قاراشنى، ئىدىيەنى ئالماشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى ئاشۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدۇق. كىتاب ھەدىيە قىلىش سىياسىي كېڭەش قۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولدۇق، ئەزالارنى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە تەشكىللىدۇق، 120 نەچچە مەيدان قېتىم تۈرلۈك لېكسىيە، مۇنبەر، كۇرس ئۇيۇشتۇردۇق. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى ئىقتىسادىي زاتلار، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن پائال شارائىت يارىتىپ بەردۇق. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسى 187 پارچە تەكلىپ، 73 پارچە يىغىن سۆزى تاپشۇردى، 34 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

**(2) دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قەلبنى ۋە كۈچنى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا مۇجەسسەملىدۇق.**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چوقۇم ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەپ پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشاننى قەتئىي تەۋرەنمەي كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، زىممىمىزگە ئېلىپ، قولىمىزدا تۇتۇپ، ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ تەڭ ھەرىكەت قىلىش مېخانىزمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈچ مەيدان قاتتىق جەڭ»، «بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى»نى ياخشى قىلىپ، «ئۈچ تەڭ ھەرىكەت قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلدۇق. گۇمانىي تۈگىتىش، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق ئۇل خىزمەتلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، كۈچنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇجەسسەملىدۇق. «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش» دېگەن تېمىدا مەخسۇس كېڭىشىش خاراكتېرىدىكى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامدا جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدۇق، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ 600 نەچچە مەيدان قېتىم قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئاممىۋى ئاساس ياراتتۇق.

مىللەتلەر ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كۈچەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش، مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەھەللە مۇھىتىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش»نى مۇھاكىمە تېمىسى قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدۇق. پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەنتتە تۇرۇپ مەسچىت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دىن خىزمىتىنى قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىجتىمائىي كەيپىيات ياراتتۇق. ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئامېرىكا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش سۈيىقەستىنى ئېنىق تونۇپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز، بىمەنە سەپسەتىلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا يېتەكلىدۇق.

كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى تۈپ ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ئاپتونوم رايون بويىچە 15 مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە سىياسىي كېڭەش ئورگان كادىرى 13 مىڭ ئائىلىدىكى ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىپ، ئاممىنى 2 مىليون 900 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك زىيارەت قىلىپ، 30 مىڭ مەيدان قېتىمدىن كۆپرەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 53 مىڭدىن كۆپرەك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، تۈر مەبلىغىدىن 340 مىليون يۈەننى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئالاقىلىشىپ، چياۋمىنلارغا چېتىشلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى كۈچەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئەمىن تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىدى.

**(3) يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدۇق.**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنى «شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى» سۆھبەت يىغىنىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا تەدبىر بەلگىلەش ۋە مەسلىھەت بېرىش رولىنى جارى قىلدۇردۇق. ئەزالارنى ئات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ چوڭقۇر كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللەپ، مەملىكەت بويىچە ئات كەسپى تەرەققىياتىنىڭ تۇنجى بەش يىللىق يىرىك پىلانىنىڭ چىقىرىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق، شىنجاڭ ئات كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش، مەخسۇس خىراجەت تەسىس قىلىش، ئات مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنى قوللاش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلىرىمىزنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار قوبۇل قىلدى. «سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش» ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئاچتۇق، پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئەمەلىي ئىقتىساد ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش بويىچە ساھە كېڭىشىشىنى قانات يايدۇردۇق، قەشقەر، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنى قۇرۇش ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقاردۇق.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)